# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 （维吾尔文）

(بۇ سان ئالتە بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋاكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
ئىيۇل
12
شەنبە


**ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:** كۈندۈزدىن كېچىگىچە بۇلۇتلۇق بولىدۇ، بەزىدە ئۇچۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 15 ℃ – 25 ℃ بولىدۇ. ئۈچ بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر

## «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق بەش يىلدا 40 مىڭ نامرات ئۆسمۈرگە ياردەم بېرىلدى

ئۆز مۇخبىرلىرىمىز ئەن خۇلى، جياڭ شىنچېلى خەۋەر قىلىدۇ: بەش يىل ئىلگىرىكى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە خالىق لوپ ناھىيىسى ئاجىك باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ، غەم - ئەندىشىسىز ئوقۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى. چۈنكى خالىقمۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلىرىدىكى 1140 نەپەر ئۆسمۈرگە ئوخشاش شۇ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى.

1992- يىل 7- ئاينىڭ 8- كۈنى قۇرۇلغان شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ھەر دەرىجىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»نىڭ ياردەم بېرىش دائىرىسىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاستقا كېڭەيتىپ ھەم تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئايلانما ھەرىكەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى.

يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان يىل ئاخىرىدىكى فوندنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش ئېلانى ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان، قېلىپلاشقان باشقۇرۇش جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ساھەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، نۇرغۇن كىشىنى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»غا قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى. ئۇلار ئىئانە قىلغان پۇل «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» دىن ئىبارەت بۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق مەدەنىيەت ۋە مېھرىبانلىقنى نامرات يېزا، كەنتلەرگە ئېلىپ كىردى.

بەش يىلدىن بۇيان، «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق شىنجاڭدىكى نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇيالماي قالغان ياكى ئوقۇشتىن قېپقالاي دېگەن 40 مىڭ ئۆسمۈر قۇتقۇزۇپ قېلىندى، 55 «ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇلدى، نامرات يېزا، كەنتلەردىكى 109 ئىلغار ئوقۇتقۇچى «جۇڭگو ئۈمىد قۇرۇلۇشى باغۋەنلەر مۇكاپاتى»غا كۆرسىتىلدى.

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 - سانلىق يىغىنى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلىدۇ


ئۆز خەۋىرىمىز. يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 142 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 - سانلىق يىغىنىنى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆت كۈن ئۈرۈمچىدە ئېچىشنى قارار قىلدى.

مۇدىرلار يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى.

## ۋەتەنگە، خەلققە چوڭقۇر مۇھەببەت

### – شايار ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت تاش توغرىسىدا

**جاڭ بەيشۈن، چى جىنگۇاڭ، ۋاڭ فەن، دېڭ شىنشەن**



مۇھەممەت تاش شايار ناھىيىسىدىكى بەش مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرستىن سىرت يېتەكچى بولغاندىن كېيىن، باللار ئۇنى كۆرگەندە ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

قىسمدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرىمىز **چى جىنگۇاڭ** فوتوسى

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شاۋجياڭ كۇڭ يىڭ مۇھەممەت تاش توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: تىنچ مەزگىلدە كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايوندىكى «قەلبداشلار كۆۋرۈكى» بولغان خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلىيىتى زور. خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرى ھەم قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ھەربىي تېخنىكىغا، ھەم ۋەتەننى، چېگرا رايوننى، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. يولداش مۇھەممەت تاش بۇ ئىككى جەھەتتە بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

1980 - يىلى 9 - ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن مۇھەممەت تاش شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى (سابىق شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى)نىڭ قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ۋە ھەربىي سەپكە كىرىشكە تەستىقلانغانلىق خېتىنى بىرلا ۋاقىتتا تاپشۇرۇۋالدى. كىشىلىك ھاياتنىڭ زور تاللىشى ئالدىدا مۇھەممەت تاش قەتئىيلىك بىلەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش يولىنى تاللىۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا «ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش قىزغىنلىقى» ئەۋج ئالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ «ئۇنىۋېرسىتېت»تىن ۋاز كېچىپ، ھەربىي سەپكە قاتناشتى. ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن مۇھەممەت تاش ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە جاپاغا چىداش، سىياسىي جەھەتتە

*　*　*

قەدەر خەلق قوراللىق كۈچلىرى خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. بىز مۇھەممەت تاشنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا دائىر

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاۋاخان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەت تاشنىڭ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن

## يۈكسەك مۇھەببەت

### گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

«ۋەتەنگە، خەلققە چوڭقۇر مۇھەببەت» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇغان كىشى يولداش مۇھەممەت تاشنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمايدۇ. ۋەتەنگە، خەلققە بولغان مۇھەببەت ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەتتۇر، بارلىق كۈچ بىلەن ۋەتەنگە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغاندىلا، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى بولىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك – جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، دۆلىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئورتاق بايرىقى؛ خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش – پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى. پارتىيە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھەممەت تاش ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرىپىنى ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ شەرىپى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ۋەتەننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 （维吾尔文）

(بۇ سان تۆت بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65——0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋاكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
ئىيۇل
13
يەكشەنبە

ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:
كۈندۈزى ۋە كېچىسى بۇلۇتلۇق بولىدۇ،
تېمپېراتۇرا 15°C - 28°C بولىدۇ، ئۈچ
بال شامال چىقىدۇ.


## ئالتاي شەھىرى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىمەكتە

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋۇچيۇگياۋ خەۋەر قىلىدۇ: ئالتاي شەھىرى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى دۆلەتنىڭ ئۇزاقققىچە مۇقىم بولۇشىنى قوغداش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى زور ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى.

ئالتاي شەھىرى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش»نى ھەربىي بىلەن خەلقنىڭ ئاگاھلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، «ئالتاي شەھىرىنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئەھدىنامىسى»نى تۈزدى، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىگە دائىر قائىدە- تۈزۈملەرنى تۈزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ئارمىيە رەھبەرلىرى بىلەن ۋىلايەت رەھبەرلىرى پات - پات پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇردى. «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ئالتاي شەھىرى 1995 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر مالىيىسىدىن ئارمىيىگە 295 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىگە 6000 يۈەن راسخوت ھەل قىلىپ بېرىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيىنىڭ نەپىقە سىياسىتىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈ- رۈپ، شەھەر بويىچە 267 ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتى، مېيىپ ھەربىيلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە يېزا، كەنتلەردىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن پېشقەدەم ھەربىيلەرگە قەرەللىك قوشۇمچە ياردەم ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى، ئۇلار قىسىم كادىرلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەپىقە سىياسىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئالتايدا تۇرۇشلۇق قىسىملار يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بېرىپ، «ئىككىنچى يۇرت قۇرۇش، ئىككىنچى يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، ئىككىنچى يۇرت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر خوڭدۇڭ يېزىسىنىڭ ئۆستەڭ چېپىش قۇرۇلۇشىدا 3000 مېتىر ئارىلىقتا تاغ يېرىپ ئۆستەڭ چېپىشتەك جاپالىق ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، يېقىنقى بىر قانچە

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگىلىك گۇرۇپپىسى - قۇمۇل يولۇچىلار ترانسپورت ئۇچاستكىسى ئۈرۈمچى پويىز ئەترىتىنىڭ 4- گۇرۇپپىسىدىكى خىزمەتچىلەر مۇلازىملىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىملىق سۈپىتىنى ياخشىلىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا بۇ گۇرۇپپا 1000 دىن ئارتۇق تەقدىرلەش خېتى ۋە تەشەككۈر خېتى تاپشۇرۇۋالدى.

سۈرەتتە: بۇ گۇرۇپپىدىكى خادىملار بوۋايىنى پويىزدىن چۈشۈرۈپ قويماقتا.

ۋاڭ چۈەنشىڭ، دۇڭ لىشيا فوتوسى

## مۆجىزە



- ئادىل ھوشۇرنىڭ يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە

ئۆز مۇخبىرىمىز ئىلھام ئىمىن



ئالىم خالىدىن فوتوسى

### مۇقەددىمە

شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىدىن 26 ياشلىق دارۋاز ئادىل ھوشۇر 1997-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن

پولات ئارغامچا بىلەن ئۆتۈش بويىچە خەلقئارا ماھارەت مۇسابىقىسى»گە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. تەكلىپنامىدە ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كوكلونىڭمۇ بۇ مۇسابىقىگە

جۇڭگو ياشلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ناخشىسىنى ياڭراتتى.

بۇ بىر ئىنتىپاقلىق كۈيى. فېڭجې ناھىيىسىدىكى قېرىنداشلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇيغۇر قېرىندىشى ئادىل ھوشۇرنى ھەر جەھەتتىن قوللىمىغان بولسا، ئۇنىڭغا مەدەت بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ مۆجىزە يارىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ كۈي جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق تارىخىدا ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇرىدىغان كۈي!

ئەگەر سىز بۇ مۆجىزە، بۇ ناخشا، بۇ كۈينىڭ يارىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارنى بىلىشكە قىزىقسىڭىز، تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر سېلىڭ.

### مۇسابىقىگە قاتنىشالماسلىقنىڭ سەۋەبى

1994-يىلى 9-ئايدا دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ جەمئىيەت تەنتەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزى شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىگە تەكلىپنامە ئەۋەتىپ، دارۋازلارنى «95-يىللىق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن

دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتتى. بۇ خەۋەر پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. شۇ كۈنى ئادىل ھوشۇر سەپداشلىرى بىلەن بىللە يۈننەنگە كېتىپ باراتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تىت - تىت بولۇپ كەتتى ۋە سىرك ئۆمىكى رەھبەرلىكىگە:


- مەن كوكلونغا جەڭ ئېلان قىلىمەن، - دېدى.

1995 - يىل 11-ئاينىڭ 6-كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جياڭ خۇڭ كۈنمىڭدا مەملىكەتلىك 5-نۆۋەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئادىل ھوشۇرنى زىيارەت قىلدى. ئادىل ھوشۇر ھاياجانلانغان ھالدا:

- بىر چەت ئەللىك جۇڭگو زېمىنىدا دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتتى. مەن 40 مىنۇت ئىچىدىلا سەنشيادىن ئۆتۈپ، ئۇ ياراتقان رېكورتنى بۇزۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە شەرەپ كەلتۈرىمەن، — دېدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# چىگرا رايوندىكى مەدەنىيەت گۈللىرى



ھاۋا ئارمىيىسى ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەڭ كۆپ دوختۇرخانىلارنىڭ بىرى. 28 يىلدىن بۇيان بۇ دوختۇرخانىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر خەلق ئارمىيىسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىپ، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. شۇڭا بۇ دوختۇرخانا كۆپ قېتىم مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى، ھاۋا ئارمىيىسى، لەنجۇ ھاۋا ئارمىيىسى قىسمى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن «ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتە نەمۇنىلىك ئورۇن»، «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدا نەمۇنىلىك ئورۇن» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشتى ھەم ئۈچ قېتىم كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تەنگە ئېلىندى.


← تۇرپان شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى شوپۇر ئىمىن نىياز ئىلگىرى ئۆزىنى داۋالىغان ھەربىي دوختۇرنىڭ سەييارە داۋالاشقا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالايىتەن ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

↗ بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئەترىتىدىكىلەر سەييارە داۋالاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ چەت، يىراق رايوندىكى ئاممىغا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە سەھىيە ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلدى.



↓ سەييارە داۋالاش خادىملىرى چاپادىن قورقماي، بىر ئامال قىلىپ كىسەللەرنىڭ يېنىغا باردى.


خۇچىبىن، دۇلى سۈيكۈەن خەۋىرى ۋە فوتوسى



↑ بۇ دوختۇرخانىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بىر قانچە يىلدىن بۇيان كوچىلارغا چىقىپ، يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ھەم تېببىي مەسلىھەت بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى.



↑ داۋالاش ئەترىتىدىكىلەر ئەينى يىللاردا دوختۇرخانىدا داۋالاپ قۇتقۇزۇۋېلىنغان پىچان ناھىيىسىدىكى ئابدۇللانى يوقلىدى.



## تەكلىماكاندا قۇمنى




# خەلق سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرى

كۈيتۇڭ شەھىرىگە جايلاشقان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - سەنئەت مەكتىپى مەملىكىتىمىزدىكى قازاق مەدەنىيەت - سەنئەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بىردىنبىر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى. بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەتىگەندە بۇ مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن تولدى. ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەن 700 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ كۆپىنچىسى چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتى.



بۇ مەكتەپ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان 500 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىدى. بۇلاردىن 30 نەپەر كىشى خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

↖ 62 ياشلىق بوۋاي خوجەش 700 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چاپچال ناھىيىسىدىن ئوغلى ۋە قىزىنى ئېلىپ كېلىپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇردى.



← ئوبلاستلىق گۈزەل سەنئەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلانغان بۇ ئوقۇغۇچى ئىمتىھان مەيدانىدا يەنىلا پۈتۈن دىققىتى بىلەن رەسىم سىزماقتا.


↓ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار بەك كۆپ بولغاچقا، ئىشخانىدا رەسمىيەت ئۆتەشكە ئامال بولمىدى، شۇڭا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى.

**جاۋپېيچىن** فوتوسى




# تىزگىنلىگۈچىلەر

دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىدا خېنەن، سىچۈەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 300 دىن كۆپرەك خەلق ئىشچىسى بار. ئۇلار ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلەپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى ئۇزۇن مۇساپىلىك قۇملۇق تاشيولىنى ئۇنۇملۇك قوغداپ مۆجىزە ياراتتى.



← قۇمنى تىزگىنلەپ تۇراقلاشتۇرۇشتا ئالدى بىلەن كاتەكچە شەكلىدە يىراقتىن تۇراقلاشتۇرۇپ، ئاندىن بارا - بارا تاشيولغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.


↓ خېنەندىن كەلگەن فۇشيەنجاڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسى قومۇشتىن ياسالغان لاپاستا ئولتۇرىدۇ، ئۇلار يىلدا 12 مىڭ يۈەن چامىسىدا كىرىم قىلىدۇ، بۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى ئىككى بالىسىنىڭ ئوقۇشىغا خەجلەيدۇ. ئۇلار جاپا تارتساقمۇ ئەرزىيدۇ، دېدى.



↓ قۇمنى تۇراقلاشتۇرغۇچىلار ئىنتايىن ئاددىي لاپاستا ئولتۇرىدۇ.

↓ ھەر بىر قۇمنى تۇراقلاشتۇرغۇچى ھەر كۈنى بىر قانچە يۈز كىلوگرام قومۇشنى يۇدۇپ كېلىپ، 400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يەرنى تور - كاتەكچىلەشتۈرىدۇ.

ئۆز مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋىرى ۋە فوتوسى





ئەترىتى سۈنئىي هەمراھ تارتقان فوتو
سۈرەتلەرگە ئاساسەن، قارادۆڭنىڭ
غەربىي - شىمال يۆنىلىشىدە، كېرىيە
ئارخېئولوگلار ئايلانمىسى بىر
كىلومېتىرچە كېلىدىغان سېپىل
قۇرۇلمىسىنىڭ ناھايىتى ئاددىي،
غەربىدىن خوتەنگە 390 چاقىرىم
كېلىدۇ...» دېيىلگەن ئۇزۇن تېتىر
بەگلىكى بولسا كېرەك!

خەنىنامادا خاتىرىلەنگەن ئۇزۇن
تېتىر - غەربىي خەن سۇلالىسى
دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا قۇملۇق
ئىچىدىكى روناق تاپقان بوستانلىق
بەگلىكلىرىدىن بىرى ئىدى، لېكىن
ئارخېئولوگلار ئۇزۇن تېتىر
بەگلىكىنىڭ پايتەختىنى بۈگۈنگىچە
تاپالمايۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تەۋە
رايونلار ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىنى

شەھەر ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان كالا
سۆڭەكلىرى بايقالغان، ئارخېئولوگلار:
يۇملاق قۇملۇقلار كالا ئىشلىتىپ
تېرىقچىلىق قىلغان، دەپ پەرەز
قىلدى.

شەھەر ئىچىدىن يەنە بۇغداي،
تېرىق، ئۈزۈم قاتارلىق زىرائەتلەر
تېپىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر جايدىن
تېپىلغان تېرىق خۇددى ئالتۇندەك
پارقىراق ئىكەن.

شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىن تېپىلغان
قوي، تۆگە، ئات، ئېشەك، ئىت قاتارلىق
مىسىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا كەڭ تارقالغان
تۇتقىلىق مىس ئەينەكمۇ بار ئىكەن.

يۇملاق قۇم شەھىرىنىڭ
ئەتراپىدىكى نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە
بىرەر تۈپمۇ توغراق قالمىغان، قالغىنى
پەقەت قۇمدىنلا ئىبارەت. ۋەھالەنكى،
شەھەردىن يىراقراق جايلاردا كېرىيە
دەرياسى يېتىشتۈرگەن توغراقلار تېخىچە
بار ئىكەن، بەلكى كىشىنى ھەيران
قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ھازىرغىچە
ياشناپ كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ.

«1000 يىلغىچە ئۆلمەيدۇ، ئۆلسە
1000 يىلغىچە يىقىلمايدۇ، يىقىلغان
تەقدىردىمۇ 1000 يىلغىچە چىرىمايدۇ»
ياشاۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ قېنىدا،
ناخشا، غەزەللىرىدە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە
باغۇ - بوستانلىرىدىن ئايرىلغان
چاغدىكى ئاھ - زارى ئەكس ئېتەمـ
دىغاندۇ، ئۇلاردا مۇدھىش قۇمنىڭ
كۆلەڭگىسى بارمىدۇ؟

يۇملاق قۇم كونىشەھىرى 2000
يىلدىن ئارتۇق زامانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ
بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلدى، ئۇ
پايانسىز كەتكەن قۇملاردىن بوستانلىققا
نەزەر سالماقتا، ئۇ يەنە قانداق
رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ، نېمىدىن
بېشارەت بېرەركىن!؟

**ياسىن ئەيسا** تەرجىمىسى

## دۇنيادا سودا قىلىش ئەڭ ئاسان شەھەرلەر


ئامېرىكىنىڭ نوپۇزلۇق ئىقتىساد ژۇرنىلى - «بەخت» ژۇرنىلى يېقىندا 32 دۆلەتنىڭ 500 دىن ئارتۇق دېرىكتورىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، دۇنيادا سودا قىلىش ئەڭ ئاسان بولغان ئون شەھەرنى ئېلان قىلدى.

ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى شياڭگاڭ ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي تېز راۋاجلاندى، بۇنىڭدا شياڭگاڭ مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇپ ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.


نيۇ - يورك ئامېرىكىدىكى سودا ئەڭ ياخشى بولىدىغان شەھەر بولۇپ، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ، قالغان شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: لوندون، ئاتلانتا، چىكاگو، سىنگاپور، تورونتو، سان - فرانسىسكو، فرانكفورت ۋە مىئامى.

«بەخت» ژۇرنىلى كېيىنكى توققۇز شەھەرنى تونۇشتۇرۇپ: نيۇ - يوركنىڭ بازار سودىسى ناھايىتى ياخشى، ياۋروپادىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل بۇ شەھەرگە كۆپلەپ ئاقىدۇ؛ لوندون - ياۋروپانىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە خەۋەرلىشىش مەركىزى؛ ئاتلانتا مال باھاسى بىر قەدەر تۆۋەن، ھاۋاقاتنىشى قولايلىق، ياخشى سودا مۇھىتىغا ئىگە؛ چىكاگو ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا - غەربىي قىسمىدىكى يىرىك ئۇسلۇب بىلەن چوڭ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت قىياپىتىنى بىرگەۋدە قىلغان، سودىگەرلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك؛ سىنگاپور گۈزەل باغچا شەھىرى، مۇھىتى بەكمۇ ياخشى، ئۆي ئىجارىسى ئەرزان، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى ياخشى؛ تورونتو شەھىرى رەتلىك، پاكىز، قاتنىشى تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان، ئۇ شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا رايونىدىن نەپ ئالىدۇ؛ سان - فرانسىسكودا كۆلىمى زور كارخانىلار، دۇنيا بويىچە 1 - قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر، ياخشى تەربىيە ئالغان ئىشقا ئورۇنلىشىش قوشۇنى بار؛ فرانكفورت «ياۋروپادىكى ئەڭ ئامېرىكىلاشقان شەھەر» دەپ ئاتىلىدۇ. خېرىدارلارنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ؛ مىئامى ئەمەلىيەتتە تېز سۈرئەتتە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ «پايتەختى»گە ئايلاندى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا ئېكسپورت قىلىدىغان ماددىي بۇيۇملىرىنىڭ 41% نى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ.

**«ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە»** ژۇرنىلىدىن




يۇملاق قۇم كونىشەھىرىنىڭ سېپىلى.



يۇملاق قۇم كونىشەھىرىدە قاتار - قاتار قىلىپ كولانغان ئازگاللار بولۇپ، ئاغزى كىچىك، تەكتى يوغان، چوڭ - كىچىكلىكى بىر خىل ئەمەس، ئىچى لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان، نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكى نامەلۇم.



سېپىلغا ئىشلىتىلگەن ئىپتىدائىي كېسەكلەر.



يۇملاق قۇم كونىشەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى




**688 - سان**

تامغىنى **مۇختەر گەپىرى** ئىشلىگەن

